يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرىنچىدىن، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلي تېكىستنى ئۆگىنىش، قانۇنىيىتىنى ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، دائىملاشقان ئۆگىنىش مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئۈزلۈكسىز چۈشىنىپ، نەزەرىيەۋى ساپا، سىياسىي ساپانى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، قوللىنىشنى تۇتاشتۇرۇش، بىلىش، ئىشىنىش، قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، بۇ ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىقە رەھبەرلىك قىلىپ، تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنى يېڭىپ، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يادروسى، پۈتۈن پارتىيەنىڭ يادرولۇق ئورنىنى قەتئىي قوغداپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشەببۇس قىلغانغا قەتئىي ئاۋاز قوشۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قارار قىلغاننى قەتئىي ئىجرا قىلىش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەنئى قىلغاننى قەتئىي قىلماسلىقنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، باشلامچىلىق بىلەن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش»خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، زىددىيەت، مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، خەلقنى مەركەز قىلىپ ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، «14 ـ بەش يىل»نى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، خەلققە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنى چىڭ ساقلاش كېرەك. ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى باشتىن ـ ئاخىر چىڭ ساقلاپ، كىم ئۈچۈن، كىمگە تايىنىمىز، مەن كىم دېگەننى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، خەلقنى غەمدىن خالاس قىلىپ، خەلقنىڭ ئاغرىنىشىنى پەسەيتىپ، خەلقنىڭ قەلبىنى ئىللىتىپ، «خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان ئون تۈرلۈك قۇرۇلۇش»نى سىجىل يولغا قويۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا زور كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، ئىستىلنى سىجىل ياخشىلاش كېرەك. پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت خاھىش»نى تۈزەپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشتىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، ئىستىلنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك كادىرلار قاتتىق تەلەپچان بولۇپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئۆزىدىنى قەدىرلىشى، ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشى، ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇشى، ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈشى، يالغۇز تۇرغاندا، باشلىنىشتا، كىچىك ئىشلاردا، دوست تۇتۇشتا ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك. نۆۋەت ئالماشتۇرۇشنى ياخشى پىلانلاپ، ياخشى تەشكىللەپ، مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇ قاتلام چىڭىتىپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى ئۇزاققىچە ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

بىرىنچىدىن، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى قاتتىق ياخشى تۇتۇش كېرەك. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش لايىھەسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، نۇقتىلىق ھالقىلارنى ئىگىلەپ، تەرتىپنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، سانلىق مەلۇمات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، 2 ـ تۈركۈمدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى ھەقىقي، دەل جايىدا، قايىل قىلىش كۈچى بار سانلىق مەلۇمات تىرەكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، سىياسەتنىڭ مۇقىملىقىنى سىجىل ساقلاش كېرەك. «تۆتنى توختاتماسلىق» تەلپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھازىر بار بولغان ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سىياسىتى، مەبلەغ جەھەتتىن قوللاش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش كۈچىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، ھەققىي تۈردە سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بېرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەدبىرلىرىنى سىجىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئائىلىلەرگىچە، ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، دەل جايىدا ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نامراتلارنى يۆلەشتىكى خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش، زورايتىش؛ يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن تەرتىپلىك يۆتكەپ سىرتقا چىقىرىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمگەك ئىقتىدارى بار نىسپىي نامرات نوپۇسلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قىلىدىغان ئىشى بولۇشىغا، سىجىل كىرىمى بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش؛ يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىشنى سىجىل كۈچەيتىش كېرەك. بىر قولدا قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تۈزۈم ـ مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش فوندىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنىڭ تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى سىجىل كۈچەيتىش كېرەك. نامراتلارنى يۆلەشنى نامراتلارنى ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مىننەتدارلىق تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىپ ئارقىلىق يېتەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن تەرەققىي قىلالايدىغان بولۇش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىش كېرەك. «14 ـ بەش يىل»لىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش يىرىك پىلانىنى ئىلمىي تۈزۈپ، نامراتلارنى ئازايتىش ئىستراتېگىيەسى ۋە خىزمەت سىستېمىسىنىڭ تېپىنى سىلىق ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىگە بىرتۇتاش پىلانلاپ كىرگۈزۈپ، ئۇزاق مەزگىللىك تەدبىر بىلەن قىسقا مەزگىللىك تەدبىر بىرلەشتۈرۈلگەن، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيىتىنىمۇ تۈزەيدىغان تۈزۈلمە ـ مېخانىزم ئورنىتىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشكە يۈزلىنىشىگە پۇختا قەدەم بىلەن تۈرتكە بولۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: 2020 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە كۈچەپ، ھەر دەرىجىلىك بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مەخسۇس تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، سىجىل تۈردە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش بويىچە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھادىسە يوشۇرۇن خەۋپىنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، تۈزەپ، قانۇنسىز، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بەردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم ياخشىلاندى، ئاپتونوم رايوننىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاش ئۈچۈن ياخشى بىخەتەر مۇھىت ياراتتى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، جەزمەن ئۇزاققىچە بوشاشماي چىڭ تۇتۇش، ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىش كېرەك. ھازىر، دەل يىل ئاخىرى بولۇپ، يېڭى بىر يىلنى باشلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقى يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، قاتتىق باشقۇرۇش، قاتتىق تىزگىنلەشكە يەنىمۇ كۈچ سەرپ قىلىپ، يوشۇرۇن خەۋپنى قاتتىق تەكشۈرۈش، تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىش جەھەتتە قىلچە يول قويماسلىق، قاتتىق نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىشتا ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، تاسادىپىي ئەھۋاللارغا جىددىي تاقابىل تۇرۇش، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە تەييارلىقنى كۈچەيتىپ، كۈچلۈك يەر تەۋرەشتىن ساقلىنىش، زور خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش، زور ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە دائىملىق ھۆكۈم چىقىرىپ، ئەڭ قەتئىي پوزىتسىيە بىلەن بىخەتەرلىك قىزىل سىزىقىدا چىڭ تۇرۇش، ئەڭ قاتتىق تەلەپ بويىچە بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، ئەڭ كۈچلۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق بىخەتەرلىك خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق «ئۈچ جەزمەن» تەلپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، توسۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنىڭ سىلىق مۇقىم بولۇشىغا ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، «14 ـ بەش يىل»نى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشنى پۇختا بولغان بىخەتەرلىك كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي پىلانلاپ، «14 ـ بەش يىل» ھەم 2021 ـ يىللىق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خىزمەت نىشانى، نۇقتىلىق ۋەزىپىسى، ئىشقا ئاشۇرۇش يوللىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا پۇختا بولغان بىخەتەرلىك ئاساسى سېلىش كېرەك. نۇقتىلىق ساھە، نۇقتىلىق مەسىلە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چىڭ تۇتۇپ، مەنبەدىن تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مەخسۇس تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قانۇن بويىچە، بەلگىلىمە بويىچە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزگىچە ئۆزى چەك قويىدىغان، سىجىل ياخشىلايدىغان بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئىچكى مېخانىزمى ئورنىتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ماس قەدەمدە ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى، ئاپتونوم رايونلۇق بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ يۇڭ يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شوپۇرلۇق ئىمتىھانى، نومۇر تاختىسىنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇش ئاساسىدا، 2018 ـ يىلىدىن بۇيان يەنە بەش تۈركۈمدە 54 تۈرلۈك جامائەت خەۋپسىزلىكى قاتناش باشقۇرۇش بويىچە «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتى تەدبىرىنى كەينى ـ كەينىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا جەمئىي 6 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق نەپ يەتكۈزۈپ، كارخانا، ئامما ئۈچۈن 400 مىليون يۈەندىن ئارتۇق ئىش بېجىرىش تەننەرخىنى تېجەپ بەردى.

نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 1200دىن ئارتۇق جەمئىيەت مۇلازىمەتى تور نۇقتىسى قاتناش باشقۇرۇش كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرەلەيدۇ، %95 ناھىيە، شەھەر كىچىك تىپتىكى ئاپتوموبىللارنى رويخەتكە ئېلىشنى بېجىرەلەيدۇ، %87.1 ناھىيە، شەھەر كىچىك ئاپتوموبىل ھەيدەش كىنىشكىسى بويىچە ئومۇمىي پەنلەر ئىمتىھانىنى قانات يايدۇرالايدۇ. 728 مىڭ ئادەم ئۆلكە ھالقىپ باشقا جايدا ئاپتوموبىل تەكشۈرتۈپ، ئىمتىھانغا قاتناشتى ۋە كىنىشكىسىنى تولۇقلىدى، ئالماشتۇردى، ئاممىنىڭ باشقا جايدا ئۆگىنىشى، تۇرمۇش كەچۈرۈشى، ئىش قىلىشى، ئىگىلىك تىكلىشى تېخىمۇ قولايلاشتى.

---

## 11 ـ ئايدا پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ مەسىلىدىن 459ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى

**ئۆز خەۋىرىمىز** 2020 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ مەسىلىدىن 459ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 510 كىشى بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىسىدىن 318ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى، راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك مەسىلىسىدىن 141ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى؛ 362 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، مەمۇرىي جازا بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك 12 كىشى، يېزا، بۆلۈم دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك 350 كىشى بار.

تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان 459 مەسىلىدىن قارىغاندا، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالماي، قىلىدىغاننى قىلماي، قالايمىقان ئىش قىلىپ، ساختا ئىش قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگىنى 302 بولۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ %94.97ىنى ئىگىلىگەن؛ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا داڭلىق، قىممەت ئالاھىدە مەھسۇلات ۋە سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلىش ـ سوۋغا قىلىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا قوشۇمچە پۇل، ياردەم تولۇقلىمىسى ياكى پاراۋانلىق تارقىتىش، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىنى ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈردىكى مەسىلىلەر تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك مەسىلىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا %36.17، %21.28، %9.93ىنى ئىگىلىگەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئېشەككە مىنىپ بېيجىڭغا بارماقچى بولغان، لېكىن ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن. 1958 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئۇ ئەمگەك نەمۇنىچىسى سۈپىتى بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ، ئاخىر ماۋجۇشىنى كۆرۈش ئارزۇسىغا يەتكەن.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ تەرەققىياتى تېز تەرەققىيات يولىغا كىردى. يۇرتىدىكى كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، قۇربان تاغىنىڭ چوڭ قىزى توختىخان قۇربان نەۋرىسى رۇقىيەگە باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت يازدۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، شىنجاڭنى قىزغىن سۆيۈش، يۇرتىنى قىزغىن سۆيۈش ئارزۇسىنى بىلدۈردى.

2017 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ توختىخانغا جاۋاب خەت قايتۇرۇپ، قۇربان تاغىنىڭ ئەۋلادلىرىنى پارتىيەنى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيۈشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى ئورتاق يارىتىشقا ئىلھاملاندۇردى.

«ئۇچۇپلا قالماي، يەنە تېخىمۇ ياخشى ئۇچىمىز.»

خەلق ئاۋىياتسىيەسى شىنجاڭ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى جاڭ جۈنپىڭ مۇنداق دېدى: كېرىيە ۋەنفاڭ ئايرودرومى ئاپتونوم رايوننىڭ «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى، شۇنداقلا «دۆلەتنىڭ 30 مۇھىم، چوڭ ئايرودروم تۈرى»نىڭ بىرى. ئايرودروم قۇرۇلۇشى 2019 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى باشلىنىپ، بۇ يىل 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى پۈتۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى، ئەمەلىي ئۈنۈملۈك قۇرۇلۇش قىلىش مۇددىتى 338 كۈن بولۇپ، خەلق ئاۋىياتسىيەسى تارىخىدا تارماق لىنىيە ئايرودروم قۇرۇلۇشىدىكى «كېرىيە سۈرئىتى» يارىتىلدى.

كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى غەيرەت يۇنۇس مۇنداق دېدى: ئايرودروم پۈتۈپ ئايروپىلاننىڭ قاتنىشى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال قاتناش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپلا قالماي، يەنە يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ساياھەتچىلىك ۋە ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، رايون ئىقتىسادىنىڭ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

«مومامنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇسى بېيجىڭغا بېرىپ تيەنئەنمېننى كۆرۈش ئىدى. ھازىر، ئايرودروم پۈتۈپ ئايروپىلان قاتنىدى، مەن ئائىلەمدىكىلەر بىلەن بىللە مومامنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرىمەن» دېدى رۇقىيە.